## 13918 ـ روزىدار ۋاقىتتا توي قىلماقچى بولغان(نىشانلانغان) قىز بىلەن سۆزلىشىش توغرىسىدا

**سۇئال**

مۇسۇلمان كىشى روزىدار ھالەتتە توي قىلماقچى بولغان نىشانى بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشسە توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاب**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى بولسۇن.

توي قىلىش ئۈچۈن نىشانلانغان قىز بىلەن سۆزلىشىشنىڭ قائىدىلىرى بار، ئۇنىڭ تەپسىلاتىنى (13791) بۇ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدىن كۆرۈۋالسىڭىز بولىدۇ.

مۇشۇ قائىدىلەر رويابقا چىققاندا، بولۇپمۇ سىز شەھۋىتىڭىزنىڭ قوزغىلىپ قېلىشتىن ساقلىنالىسىڭىز، ئۇ ۋاقىتتا سۆزلىشىشكە مۇناسىپ ئىش بولسا سۆزلەشسىڭىز بولىدۇ، ئەمما مۇشۇ قائىدىلەر تولۇق ئەمەلىلەشمەيدىكەن، ئۇنداق ھالەتتە سۆزلىشىش بولسا، شەرئى جەھەتتىن چەكلىنىدۇ.

چۈنكى روزىدار ھالەتتە شەرئى بەلگىلىمىدىن ئېشىپ كېتىش روزىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، روزىنىڭ ساۋابىنى كېمەيتىۋېتىدۇ، ئەڭ پەزىلەتلىك ۋاقىتلاردا بۇنداق ئىشلارنىڭ سادىر بولىشى زور خاتالىق بولىدۇ، چۈنكى روزىدار كىشى روزىسىنى ساۋابى كېمىيىپ كېتىدىغان ۋە ساۋابقا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشى كېرەك.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.